## 10016 ـ قانداق قىلغاندا پەرزەنتلىرىمىزنى يارامىلىق تەربىيىلەيمىز؟

### سۇئال

پەرزەنتلىرىمنى يارامىلىق تەربىيىلەشتە قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتىمەن، كۆپ ۋاقىتلاردا ئاچچىقلىنىمەن ۋە ئۇلارنى ئۇرىمەن. ماڭا بۇ توغرىدا نەسىھەت قىلىشىڭلارنى ۋە بۇ تېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پايدىلىق بىر كىتابنى تەۋسىيە قىلىشىڭلارنى سورايمەن؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئاتا ـ ئانىلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان مۇھىم ئەمەللەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە بۇنىڭغا بۇيرىدى. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَّا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار. ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.» [سۈرە تەھرىم 6-ئايەت].

ئىمام تەبەرى رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئايەتتە: «ئى ئاللاھقا ئىشەنگەن، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىشەنگەن ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى تەستىق قىلغان مۆمىنلەر! بەزىلىرىڭلار بەزىلىرىڭلارغا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان ئەمەللەر بىلەن دوزاختىن ساقلىنىدىغان، يىراق قىلىدىغان ئىشلارنى بىلدۈرۈڭلار، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئائىلە ـ بالىلىرىڭلارغا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۆزلىرىنى دوزاختىن ساقلايدىغان ئەمەللەرنى تەلىم بېرىڭلار» دەيدۇ. ["تەپسىر تەبەرى" 28-توم 165-بەت].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: مۇقاتىل مۇنداق دېگەن: "دوزاختىن ساقلىنىشنى ئۆزىگە، ئەۋلادلىرىغا، ئائىلىسىگە، قۇل ـ چۆرىلىرىگە تەلىم بېرىش زۆرۈر بولىدۇ".

ئىلكىيا مۇنداق دەيدۇ: "ئەۋلادلىرىمىز، ئائىلىمىزگە دىنىي، ياخشىلىقنى، ئەدەپ ـ ئەخلاقلاردىن ئېھتىياجلىق بولغاننىڭ ھەممىسىنى تەلىم بېرىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىزدۇر. بۇنىڭ دەلىلى: ئاللاھ تائالانىڭ: «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، بۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغىن، سەبىر قىلغان» دېگەن ئايىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ: «يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن» دەپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان تەۋسىيىسى ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «پەرزەنتلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇڭلار» دېگەن ھەدىسىدىن ئىبارەتتۇر. ["تەپسىر قۇرتۇبى" 18-توم 196-بەت].

ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ ئىنسانلاردىن ئەڭ ئاۋۋال دەۋەت قىلىدىغىنى: ئۆزىنىڭ ئەۋلادى، ئائىلىسى ۋە يېقىنلىرى بولىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلارنى دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇغاندا: «يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»دېدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە، ياخشىلىققا ۋە ئېھسانغا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش مەسئۇلىيىتىنى ئاتا-ئانىنىڭ ئۈستىدە قىلدى ۋە ئۇلاردىن بۇنى تەلەپ قىلدى:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ھەر بىرىڭلار ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سورىلىدۇ، ئەر كىشى ئائىلىسىدىن مەسئۇل بولىدۇ، شۇ دائىرىدە مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىگە مەسئۇل بولىدۇ، شۇ دائىرىدە مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ ماللىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، دائىرىدە مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەر ئۆز ئاتىسىنىڭ مېلىغا مەسئۇل بولىدۇ، شۇ دائىرىدە مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ھەر بىرىڭلار ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سورىلىدۇ». [بۇخارى رىۋايىتى. مۇسلىم رىۋايىتى1829-ھەدىس].

سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ۋە ئىسلام تەلىماتلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائەت قىلغانلارنى مۇكاپاتلايدىغان جەننەت، ۋە كاپىرلارنى جازالايدىغان دوزاخنى تەييار قىلغانلىقىنى، دوزاخنىڭ يېقىلغۇلىرىنىڭ ئىنسانلار ۋە تاشلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىشىڭىز كېرەك. بۇ توغرىدىكى ئىبرەتلىك بىر ۋەقەنى بايان قىلىمىز:

ئىبنى جەۋزى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مال-دۇنياسى بەك كۆپ بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى يوق پەقەت بىرلا قىزى بار ئىكەن، پادىشاھ قىزىغا بەك ئامراق ئىكەن، ئۇنى تۈرلۈك ئويۇنلار بىلەن ئوينىتىدىكەن، بىر مۇددەت شۇنداق ئۆتۈپتۇ، پادىشاھنىڭ سارىيىنىڭ يېنىدا بىر ئابىد ياشايدىكەن، بىر كېچىسى ئابىد قۇرئان ئوقۇپ بۇ ئايەتنى ئۈنلۈك ئوقۇپتۇ: يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَّا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار. ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.» [سۈرە تەھرىم 6-ئايەت].

پادشاھنىڭ قىزى ئابىدىنىڭ ئوقۇغان بۇ ئايىتىنى ئاڭلاپ دېدەكلەرگە: بۇ كىشىنى قۇرئان ئوقۇشتىن چەكلەڭلار دەپتۇ، ئۇلار چەكلىيەلمەپتۇ، ئابىد بۇ ئايەتنى تەكرار_تەكرار ئوقۇپتۇ، پادشاھنىڭ قىزى دېدەكلەرگە: بۇ كىشىنى قۇرئان ئوقۇشتىن چەكلەڭلار دەپتۇ، ئۇلار چەكلىيەلمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پادشاھنىڭ قىزى ياقىلىرىنى يىرتىپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ داد_پەرياد قىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خىزمەتچىلەر پادشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپتۇ، پادشاھ كېلىپ: سۆيۈملۈك قىزىم! كېچىدىن بىرى سىزگە نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟دەپ باغرىغا بېسىپتۇ، قىزى: ئى ئاتا! مەن سىلىدىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەن: ئاللاھ تائالانىڭ يېقىلغۇلىرى ئىنسانلاردىن ۋە تاشتىن بولغان دوزاخ دەپ ئاتىلىدىغان جايى بارمۇ؟ دەپتۇ، ئاتىسى: ھەئە دەپتۇ، قىز: ئى ئاتا! نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى ماڭا بۇ توغرىدا خەۋەر بەرمىدىلە؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم! مەن بۇندىن كېيىن مەن ئۆزۈمنىڭ ئورنۇمنىڭ جەننەتتە بولامدۇ ياكى دوزاختا بولامدۇ بۇنى بىلمىگۈچە لەززەتلىك يېمەكلىكلەرنى يېمەيمەن، ئېسىل تۆشەكلەردە ياتمايمەن"دەپتۇ. ["سەپۋەتتۇس سەپۋە"4-توم 437-438-بەتلەر].

سىز ئالدى بىلەن ئۇلارنى بۇزۇقچىلىق، ناشايان ئىشلار بولىدىغان ئورۇنلاردىن، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا تۆرلۈك بۇزۇق تىلېۋىزىيە پىلىملىرىنى كۆرۈشتىن، يالغۇز تىلېۋۇن ئويناشتىن ۋە باشقا ئەخلاقنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرۇشىڭىز كېرەك، ئاندىن كېيىن ئۇلاردىن يارامىلىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ھەقىقەتەن تىكەن تېرىغان كىشى ئۆزۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ، تەربىيەلەش كىچىك ۋاقىتىدىن باشلىنىدىكەن، چوڭ بولغاندا ئاسان بولىدۇ، ئۇلارنى كىچىكىدىن بۇيرۇق_چەكلىمىلەرگە كۆندۈرسەك، چوڭ بولغاندا سىزگە ئىتائەت قىلىشى ئاسان بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەۋلادلىرىڭلارنى ئۇلار يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندىمۇ نامازنى ئادا قىلمىسا ئۆز لايىقىدا ئەدەپلەڭلار، ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ياتاقلىرىنى ياكى ئورۇنلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 495-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ "سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى"5868-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

لېكىن ئەدەپ_ئەخلاق تەلىم بەرگۈچى رەھىم_شەپقەتلىك، مېھرىبان، كۆڭلى_كۆكسى كەڭرى، مۇلايىم بولىشى، ناچار، سەت سۆزلەرنى قىلماسلىقى، ئۇرۇپ_تىللىماسلىقى، قاتتىق قول بولماسلىقى كېرەك، ئەگەر پەرزەنت ئاتىسىغا ئىتائەت قىلمايدىغان، ياخشىلىقنى قىلمايدىغان ناچار ئىشلارغا يېقىنلىشىدىغان بولۇپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا زەرەر بەرمىگەن ئاساستا قاتتىقراق مۇئامىلە قىلىش لايىق بولىدۇ.

مەناۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىنساننىڭ بالىسى ئەقىل تېپىپ تەربىيە قىلىش يېشىغا يەتسە، ئۇنى سالىھ مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقى بىلەن يېتىشتۈرۈش، ناچار كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشتىن ساقلىسا، قۇرئان تەلىم بەرسە، ئەدەپ ئۆگەتسە، ئەرەب تىلىدىن دەرس بەرسە، ھەدىسلەرنى ئاڭلاتسا، سەلەپ _سالىھلارنىڭ نەمۇنىلىرىنى سۆزلەپ بەرسە، مۇھىم بولغان دىنى ئەھكاملارنى تەلىم بەرسە، ئەگەر بۇ شەكىلدە تەربىيەلەش جەريانىدا قاتتىق قوللۇق قىلسا، نامازنى تەرك قىلغانلىقىغا كۆرە ئۇرسا، بۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن مال_دۇنيا سەدىقە قىلغاندىن ياخشىدۇر. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ پەرزەنتىنى ئەدەپلىگەنلىكى سەدىقە

جارىيە بولدى، مال-دۇنيا سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابى ئۈزۈلىدۇ ئەمما سەدىقە جارىيەنىڭ ساۋابى بولسا مۇشۇ پەرزەنتنىڭ داۋام قىلىشى بىلەن داۋاملىشىدۇ، ئەدەپ دېگەن روھنىڭ غىزاسىدۇر، ئۇنى تەربىيىلەش ئاخىرەت ئۈچۈندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا: «ئۆزۈڭلارنى ۋە ئەھلىڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار دېدى» [سۈرە تەھرىم 6-ئايەت].

ئۆزىڭىزنى، ئەۋلادىڭىزنى دوزاختىن ساقلاش دېگەن: ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە دوزاخقا بېرىپ قالىدىغان ئىشلاردىن چەكلەش، ئۇلارنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئەدەپلەش ئارقىلىق بولىدۇ. ۋەز-نەسىھەت قىلىش، ئازاپلارنى بايان قىلىش، تەھدىت قىلىش، لايىقىدا ئۇرۇش، سىرتقا چىقارماسلىق، ھەدىيە بېرىش، ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلارمۇ ئەدەپلەزنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئېسىل زېرەك بالىنى ئەدەپلەش بىلەن گالۋاڭ، ناچار بالىنى ئەدەپلەش ئوخشىمايدۇ". ["پەيزىل قەدىر" 5-توم 257-بەت].

ئەدەپلەش بولسا بالىنى دۇرۇس قىلىشنىڭ ۋاسىتىسىدۇر، ھەرگىزمۇ ئۇرىۋېلىشنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ گەدەنكەشلىك ۋە ئىسيانكارلىقىنى تۈزەيدۇ.

ئىسلام دىنىدا جازا قانۇنى يولغا قويۇلدى، ئىسلامدا بۇ قانۇنلار كۆپتۇر، زىناخورنى جازالاش، ئوغرىنى، بوھتان قىلغۇچى قاتارلىقلارنى جازالاشقا ئوخشاش، بۇ قانۇنلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى يامانلىقتىن چەكلەپ، ئەھۋالىنى دۇرۇس قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلدى.

بۇ توغرىدا يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىغا تەلىم ۋە بالىغا چەكلىمە بولىدىغان تەۋسىيىسى كەلدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قامچىنى پەرزەنت كۆرىدىغان ئورۇنغا ئېسىپ قويۇڭلار» [تەبرانى رىۋايىتى 10-توم 248-بەت. ھەيسەمى بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى سەھىھ دەپ "مەجمەئىل زەۋائىد" 8-توم 106-بەتتە بايان قىلغان. شەيخ ئەلبانى ھەسەن دەپ "سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى"ناملىق ئەسەر 4022-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن قورقۇتۇش ئارىسىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەممىسىدىن مۇھىم بولغىنى ئەۋلادلار ياشايدىغان مۇھىتنى بارپا قىلىش، ئۇلارغا ھىدايەتنىڭ سەۋەپلىرىنى تولۇق قىلىپ بېرىش، بۇ تەربىيىچىلەر، مەسئۇل بولغۇچىلار ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈلگە بولىشى بىلەن بولىدۇ.

تەربىيىچىنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەشتە ئۇتۇق قازىنىدىغان يولىدىن بىرى: ۋەز-نەسىھەت، قۇرئان تىلاۋىتى، خۇتبە ۋە ئالىملارنىڭ دەرسلىرىنى كۆپ ئاڭلىتىشقا ئوخشاش بۇنىڭ يولى كۆپتۇر.

سوئالدا سورىغان كىتابلارغا كەلسەك، سىزگە ئەۋلاد تەربىيىلەشتە تۆۋەندىكى كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز:

1-مۇھەممەد ھامىد ناسىپ ۋە خەۋلە ئابدۇلقادىر دۇرەيشنىڭ: "بالىلارنى ئىسلام پرىنسىپىدا تەربىيىلەش" ناملىق كىتابى.

2- مۇھەممەد سەئىد مەۋلەۋىينىڭ: "مۇسۇلمان كىشى ئەۋلادىنى قانداق تەربىيىلەيدۇ "ناملىق كىتابى.

3-مۇھەممەد جەمىل زەينۇنىڭ: "ئىسلامدا ئەۋلاد تەربىيىلەش" ناملىق كىتابى.

4-مەھمۇد مەھدى ئىستانبۇلىنىڭ: "بالىلىرىمىزنى قانداق تەربىيىلەيمىز؟ " ناملىق كىتابى

5-ئەدنان با ھارىسنىڭ: "مۇسۇلمان ئاتىنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەشتىكى مەسئۇلىيىتى" ناملىق كىتابى.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.